# ياخشى چۈش «يەنە بىر ئىبارىدە گۈزەل چۈش دەپ كەلگەن» ئاللاھ تائالا تەرەپتىن، يامان چۈش شەيتاندىن بولىدۇ

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشى چۈش «يەنە بىر ئىبارىدە گۈزەل چۈش دەپ كەلگەن» ئاللاھ تائالا تەرەپتىن، يامان چۈش شەيتاندىن بولىدۇ. كىمكى يامان چۈش كۆرۈپ قالسا، سول تەرىپىگە تۈكۈرۈۋەتسۇن. ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ ئۇنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلىسۇن. شۇندىلا، يامان چۈش ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى يامان چۈش كۆرۈپ قالسا سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرىۋەتسۇن ۋە ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ ئۇنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلىسۇن، ئاندىن ياتقان يېنىدىن يەنە بىر يانغا ئۆرۈلۈپ ياتسۇن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە شۇنى بايان قىلغان. شەيتاننىڭ تەسىرىدىن ۋە زىيانكەشلىكىدىن خالى بولغان ۋە يىراق بولغان ساغلام چۈش بولسا، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسىگە قىلغان نېمەتلىرىدىن بولۇپ، مۆمىن بەندىلىرىگە خۇش بىشارەت، غەپلەتتە قالغانلارغا ئاگاھلاندۇرۇش، ئازغانلارغا ئەسلەتمىدىن ئىبارەتتۇر. الحلم: دېگەن قالايمىقان كۆرگەن چۈشلەر، ئۇ ئىنساننىڭ رۇھىغا شەيتاننىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى، قالايمىقانلاشتۇرشى، ئۇنى قورقۇتۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، غەم-قايغۇ ۋە كىبسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. چۈنكى شەيتان ئىنساننىڭ قايغۇرۇشىنى، بەختسىزلىكىنى ياخشى كۆرىدىغان دۈشمىنىدۇر. ئىنسان بىئارام بولىدىغان، قورقۇيدىغان، قايغۇرىدىغان چۈشلەرنى كۆرسە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىنى يوقىتىدىغان، زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىدىغان سەۋەب ئامىللارنى قىلىشى كېرەك. ھەدىستە تۆۋەندىكىلەرنى تەلىم بەرگەن. 1-سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈش. 2- قوغلاندى قىلىنغان شەيتاننىڭ شەررىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ ئۈچ قېتىم پاناھ تىلەش. 3- ئەگەر سول تەرەپىنى بېسىپ ياتقان بولسا ئوڭ تەرەپكە، ئوڭ تەرەپىنى بېسىپ ياتقان بولسا سول تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يېتىش كېرەك. رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە ۋە قوللانغان سەۋەبلەرگە ئىشەنگەن ھالدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلارنى قىلسا، ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن ئۇ كىشىنىڭ چۈشى ئۇنىڭغا زىيان كەلتۈرەلمەيدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3586